ئىستىقلال ئاۋازى

# ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمى 3 ـ سان

ئۆكتەبىر 2020

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر

# 1-ئۆكتەبىر ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي ئىشغالىيىتىگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىدى












DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV · Istiqlal TV · Istiqlal TV · Istiqlal TV



# 1 - ئۆكتەبىر
# ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار خىتاي ئىشغالىيىتىگە بولغان نەپرىتىنى ئىپادىلىدى

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى خىتاينىڭ ئاتالمىش دۆلەت بايرىمى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن «ماتەم كۈنى» دەپ بېكىتىلگەن بىر كۈن. ھەر يىلى 1 - ئۆكتەبىر كۈنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى تۈرلۈك پائالىيەتلەر ۋە نامايىشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ يىل ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى نامايىش ۋە باشقا پائالىيەتلەر ئۆزگىچە ئۇسۇلدا ئۆتكۈزۈلدى.

## ۋاشىنگتوندا خىتاي ھۆكۈمىتىگە قارشى زور كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

ھەر يىلى 1 - ئۆكتەبىر كۈنى مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇر جامائىتى تۈرلۈك پائالىيەتلەر ۋە نامايىشلار ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتىگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ دائىملىق ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما بۇ 2020 - يىلىدىكى 1 - ئۆكتەبىر كۈنىنى ئامېرىكا ئۇيغۇر جامائىتى ئۆزگىچە بولغان زور كۆلەملىك نامايىش ئارقىلىق كۈتۈۋالدى.




بۇ قېتىم دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئامېرىكا ئۇيغۇر بىرلەشمىسى، «ئۇيغۇر ھەرىكىتى»

تەشكىلاتى، ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى تىبەتلەر، موڭغۇللار، خىتايلار ۋە خوڭكوڭلۇقلارنىڭ ھەرقايسى پۇقراۋى تەشكىلاتلىرى، شۇنىڭدەك «پۇقرالار كۈچى»، «كوممۇنىزم قۇربانلىرى خاتىرە فوندى» قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە ئامېرىكا پارلامېنت بىناسىنىڭ ئالدىدا «خىتاي كومپارتىيەسىگە دۇنيا مىقياسىدا قارشى تۇرايلى» تېمىسىدىكى نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزدى. دۆلەت مەجلىسى ئالدىدىكى كەڭ مەيدان ئەتىگەندىلا نەچچە يۈز كىشىنىڭ قوللىرىدىكى سانجاق - سانجاق بايراقلار بىلەن تولغان بولۇپ، شۇلار قاتارىدا ئاي - يۇلتۇزلۇق «شەرقىي تۈركىستان بايرىقى»مۇ ئالاھىدە كۆزگە چېلىقاتتى. نامايىشچىلار ئارىسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپ قىسمى ۋاشىنگتون شەھىرىگە ئانچە يىراق بولمىغان ۋىرگىنىيە ۋە مارىلاند ئىشتاتلىرىدىن كەلگەنلەر بولسا، يەنە بەزىلەر نەچچە سائەتلەپ ماشىنا ھەيدەپ باشقا ئىشتاتلاردىن كەلگەن ئۇيغۇرلار ئىدى. قاتنىشىشقا تىزىلىپ كەتكەن ھەرقايسى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ مۇخبىرلار قوشۇنىمۇ بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق يىغىلىش ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى.

بۇ قېتىمقى بىرلەشمە نامايىشقا تەكلىپ قىلىنغان ئەزىز مېھمانلار ئىچىدە ئامېرىكا پارلامېنتىنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ۋە خىتاي ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كومىتېتلارنىڭ خادىملىرىمۇ بار ئىدى. شۇلاردىن ئاۋام پالاتا ئەزاسى، «ئۇيغۇرلاردىكى مەجبۇرىي ئەمگەكنى چەكلەش قانۇنى»نىڭ ئاۋازغا قويۇلۇش خىزمىتىگە يېقىندىن ئىشتىراك قىلىۋاتقان توم سۇئازىيمۇ سۆزگە چىقىپ، زۇلۇم ۋە باستۇرۇشقا ئۇچراۋاتقان شۇنچە كۆپ خەلقنىڭ بىر يەرگە قول چىقىرىپ، ئورتاق ئارزۇ ۋە ئىرادە بىلەن يەنە بىر قېتىم بىر يەرگە جەم بولغانلىقىدىن بەكمۇ تەسىرلەنگەنلىكىنى ئالاھىدە سۆزلەپ ئۆتتى. شۇنىڭدەك خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنى پۈتكۈل مىللەت بويىچە يوقىتىش، ئۇلارنىڭ تىلى، مەدەنىيىتى ۋە باشقا بارلىق مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇشتەك قىلمىشىنىڭ ئاللىقاچان دۇنياغا كېڭىيىۋاتقان بىر يۈزلىنىشكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى، شۇ سەۋەبتىن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يالغۇز ئۇيغۇرلار، تىبەتلەر ياكى موڭغۇللار ۋە ياكى خوڭكوڭلۇقلار ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈنمۇ تەھدىت ۋە خەتەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «خىتاي باي بولسا دېموكراتىيەگە ئۆتىدۇ» دەيدىغان قاراشنىڭ خاتا بولغانلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا تونۇپ يەتكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.




نامايىشقا قاتناشقان ئۇيغۇرلاردىن يۈز كىشى لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ مەھبۇسلۇق كىيىمىگە تەقلىد قىلىنغان كىيىملەر بىلەن پۇت - قوللىرى كىشەنلەنگەن، كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كورلا پويىز ئىستانسىسىدىكى ئۇيغۇر

تۇتقۇنلارنىڭ تۇرمىگە يۆتكىلىش مەنزىرىسىنى جانلىق ئوينىاپ چىقتى. ھەقىقىي لاگېر تۇتقۇنلىرىنىڭ چوڭايتىلغان سۈرەتلىرى، بولۇپمۇ خىتاي ساقچىلىرىنىڭ كىيىملىرىگە تەقلىد قىلىنغان فورمىدا كىيىنگەن «ساقچى»لارنىڭ ئۇيغۇرلارنى دىنىي ئېتىقادى، چەت ئەلگە چىققانلىقى، چەت ئەلدىكىلەر بىلەن تېلېفون ئالاقىسى قىلغانلىقى دېگەندەك سەۋەبلەر بىلەن تۇتقۇن قىلغان كۆرۈنۈشى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى «دوختۇرخانا»لاردا مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش، نامەلۇم دورىلارنى ئىچىشكە مەجبۇرلاش دېگەندەك كۆرۈنۈشلەر نامايىش ئىشتىراكچىلىرىغا ئۇيغۇرلار ئۇچراۋاتقان زۇلۇمنىڭ جانلىق كارتىنىسىنى نەق مەيداندا تولىمۇ روشەن ئىپادىلەپ بەردى. شۇ قاتاردا قايغۇلۇق ئۇيغۇر مۇزىكىسى ئىچىدە كىچىككىنە ئۇيغۇر قىزنىڭ «دادا!»، «ئاپا!» دەپ ئاتا - ئانىسىنى ئىزدىشى، «خىتاي ساقچى»نىڭ ئۇنى قوپاللىق بىلەن «بالىلار لاگېرى»غا ئېلىپ كېتىشى ئاتا - ئانىلىرىدىن جۇدا بولغان سانسىز ئۇيغۇر گۆدەكلىرىنىڭ ئېچىنىشلىق تىراگېدىيەسىنى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىغا نامايان قىلىپ، بارلىق نامايىش ئىشتىراكچىلىرىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. نۇرغۇنلىغان كۆزلەردىن تاراملاپ ياشلار تۆكۈلدى.

## ئىستانبۇلدا زور كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

1 - ئۆكتەبىر كۈنى مەركىزى ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشىدا خىتاي ئىشغالىيىتىنىڭ 71 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئىستانبۇلدا زور كۆلەملىك نامايىش ۋە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. نامايىشقا ئىستانبۇلدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئەر - ئايال بولۇپ، نەچچە يۈزلىگەن كىشى قاتناشتى.



نامايىشچىلار قوللىرىدا ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقلار كۆتۈرگەن ھالدا بەيازىت مەيدانىغا جەم بولدى. نامايىشچىلار خىتايغا بولغان نارازىلىقىنى ئىپادىلەپ: «ئىشغالىيەتچى قىزىل خىتاي شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ كەت!» دېگەندەك ھەر خىل شوئارلارنى توۋلىدى.

بەزى نامايىشچىلار قوللىرىدا خىتاي لاگېرلىرىغا قامالغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ سۈرەتلىرىنى كۆتۈرگەن بولۇپ، سۈرەتلەرنىڭ ئاستىغا «ئانام قەيەردە، دادام قەيەردە؟» دېگەندەك سوئاللار يېزىلغان ئىدى.

نامايىشچىلارغا ۋاكالىتەن شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق



جەمئىيىتى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان باياناتنى ئوقۇدى.



## لوندون ۋە بىرىيۇسسېلدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى




دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىقى بىلەن 1 - ئۆكتەبىر كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقان شەھەرلەردە «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوممۇنىست خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى كەڭ - كۆلەملىك نامايىشلار ئۆتكۈزۈلدى. جۈملىدىن ئەنگلىيەنىڭ لوندون شەھىرىدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى بىلەن بېلگىيە پايتەختى بىرىيۇسسېلدىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدىمۇ نامايىش ئۆتكۈزۈلدى. ئىككىلا نامايىشقا ئۇيغۇرلاردىن سىرت بىرقىسىم تىبەتلەر ۋە موڭغۇللار شۇنىڭدەك خوڭكوڭلۇقلار ۋە تەيۋەنلىكلەرمۇ ئىشتىراك قىلغان.

لوندوندىكى نامايىش سائەت ئۈچتىن يەتتىگىچە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، نامايىشقا لوندوندىكى ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە لىبېرال پارتىيەسىنىڭ ۋەكىلى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا بىرقىسىم تىبەتلىكلەر، خوڭكوڭلۇقلار، تەيۋەنلىكلەر ۋە جەنۇبىي موڭغۇلىيەلىكلەرمۇ قاتناشقان.




10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۇيغۇر، تىبەت ۋە موڭغۇللاردىن بولۇپ 700 ئەتراپىدا كىشى بېلگىيە پايتەختى بىرىيۇسسېلدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىغا جەم بولۇپ، خىتاينىڭ 71 يىلدىن بۇيان يۈرگۈزۈپ كەلگەن باستۇرۇش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈردى.



## گېرمانىيەنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى




د ئۇ ق نىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1 - ئۆكتەبىر كۈنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار مەركەزلىشىپ ئولتۇراقلاشقان 65 شەھەردە «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلغانلىقىنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ كوممۇنىست خىتاي تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغانلىقىنىڭ 71 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن. گېرمانىيەنىڭ دۇسېلدورف، فرانكفورت، كارلسرۇھې، ستۇتگارت، گېرمېرسخايىم، بېرلىن قاتارلىق شەھەرلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ قوللىغۇچىلىرىمۇ بۇ سەپكە قوشۇلغان.




مىيۇنخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشقا مىيۇنخېن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردىن

كەلگەن كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلار ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، باۋارىيە پارلامېنتىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ماركۇس رىندىباچەر ئەپەندى ۋە كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، شۇنداقلا بىرقىسىم تىبەتلىكلەر، خوڭكوڭلۇقلار، تەيۋەنلىكلەر ۋە جەنۇبىي موڭغۇلىيەلىكلەرمۇ قاتناشقان.

## نورۋېگىيەدە خىتايغا قارشى نامايىش ئۆتكۈزۈلدى



1 - ئۆكتەبىر يەنە نورۋېگىيەنىڭ ئوسلو شەھىرىدىكى خىتاي باش ئەلچىخانىسى ئالدىدىمۇ نامايىش ئۆتكۈزۈلگەن. نامايىشقا نورۋېگىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر جامائىتى قاتناشقان. نورۋېگىيە ئۇيغۇر كومىتېتىنىڭ رەئىسى، «ئۇيغۇر ئەدلىيەسى ئارخىپ ئامبىرى»نىڭ مەسئۇلى بەختىيار ئۆمەر ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، بۇ قېتىمقى نامايىشنىڭ ناھايىتى جانلىق كەيپىياتتا داۋام قىلغانلىقىنى تەكىتلىدى.

## قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرلار ئالمۇتىدا «ماتەم كۈنى پائالىيىتى» ئۆتكۈزدى

قازاقىستانلىق ئۇيغۇرلارمۇ ھەر يىلى بۇ كۈنى بىر يەرگە توپلىشىپ، كوممۇنىستىك خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىگە نارازىلىق بىلدۈرۈشنى ئەنئەنىگە ئايلاندۇرغانىدى. بۇ يىلمۇ 1 - ئۆكتەبىر

كۈنى ئالمۇتا شەھىرىنىڭ سۇلتانقورغان مەھەللىسىدىكى «ئاررۇم» رېستورانىغا جەم بولغان ئۇيغۇرلار ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن شېھىت بولغانلارغا ئاتاپ قۇرئان تىلاۋەت قىلدى ھەمدە خىتاينىڭ باستۇرۇش سىياسىتىنى ئەيىبلىدى.

دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ قازاقىستاندىكى ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان بۇ قىتىمقى پائالىيەت دۇنياغا تارقالغان خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن چەكلىمىلەر ئېلان قىلىنغان بىر ۋاقىتقا توغرا كەلگەچكە، قاتناشقۇچىلارنىڭ سانىغىمۇ چەك قويۇلدى ھەم بىخەتەرلىك چارىلىرى كۆرۈلدى. ئۇنىڭغا رىياسەتچىلىك قىلغان سەيدئالىم ئامۇتوف يىغىلغانلارغا مۇراسىمنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن قۇرئان ئوقۇلدى. ئاندىن سۆزگە چىققان سىياسەتشۇناس قەھرىمان غوجامبەردى ئەپەندى ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتى ھەم خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بەردى.











-مۇھەممەد يۈسۈپ

# بىزگە شىجائەتلىك ئۆلىمالار كېرەك

شىجائەت - غەيرەت، جەسۇرلۇق، باتۇرلۇق، قەتئىيلىك، جاسارەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانلار ئەزەلدىن شىجائەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇلۇغلايدۇ. شىجائەت بابىدا پەيغەمبەرلەر بىرىنچى ئورۇندا كېلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەرلەر ئەڭ شىجائەتلىك، ئەڭ قەيسەر، ئەڭ قورقماس ۋە تولىمۇ سېخىي كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ئەزىز جېنىنى ۋە ئىلكىدىكى ھەممە نەرسىسىنى ئاللاھ يولىدا ئاتاشتىن قەتئىي ئىككىلىنىپ قالمىغان. ئۇلار ئۆلۈم بىلەن، يۇرتىدىن پالىنىش بىلەن تەھدىت قىلىنىسىمۇ ھەق يولىدىن قەتئىي قايتمىغان ۋە دەيدىغان گېپىنى جاكارلاپ تۇرغان. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك پەيغەمبەرلەر بارچە دىن ئەھلىنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ كەلمەكتە.

ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ شىجائەت، ئەڭ جەسۇر ئىنسان پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىدە شەك يوق. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئۇرۇش مەيدانلىرىدا جەڭ قىزىپ كەتكەن ۋە بىزنىڭ ماجالىمىز قالمىغان چاغلاردا رەسۇلۇللاھنىڭ ئارقىسىغا كېلىۋېلىپ قوغدىناتتۇق، ئۇنداق ۋاقىتلاردا دۈشمەنگە رەسۇلۇللاھتىن يېقىن تۇرىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى،

رەسۇلۇللاھ ئارىمىزدا ئەڭ شىجائەتلىك زات ئىدى». پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق گەپنى قىلىشتا دادىللىقى ئۈچۈن دەلىل - ئىسپات كەلتۈرۈشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى شىجائەتنى دەستۇر قىلغان، جەسۇرلۇقنى ئادەت قىلغان ھايات ئىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى بولغان مەككىدىن قوغلىنىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب مەككە كاتتىباشلىرى ئالدىدا ھەقنى سۆزلەشتىن، ھەق دىننى تەبلىغ قىلىشتىن ھېچ ئىككىلەنمىگەنلىكى ۋە تەڭداشسىز دەرىجىدىكى شىجائىتى يۈزىسىدىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسا شىجائەت بابىدا مەشھۇر تۆت خەلىپە كېلىدۇ. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەزى ئەرەب قەبىلىلىرى ‹ناماز ئوقۇيمىز، ئەمما زاكات بەرمەيمىز› دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. مەن بىرىنچى خەلىپە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنىڭغا: ‹ئى رەسۇلۇللاھنىڭ خەلىپىسى! ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن، چۈنكى ئۇلار كۆندۈرۈلمىگەن مالدەك ئادەملەردۇر، ئۇلارنى ئاستا كۆندۈرۈۋالىسەن!› دېۋىدىم، ئەبۇ بەكرى ماڭا: ‹ئەي ئۆمەر! مەن سېنى ماڭا بۇ ئىشتا ياردەم قىلىدۇ دەپ ئويلىغانتىم، ئەپسۇسكى، سەن ئالدىمغا يېڭىلگەن ئادەمدەك كەپسەن. جاھىلىيەتتىكى كەسكىن ئۆمەر، ئەمدى ئىسلامدا ياۋاش بولۇپ قالدىمۇ؟ سەن ئۇلارنى قانداق كۆندۈرگىن دەيسەن، سېھىر قىلىپمۇ، شېئىر توقۇپمۇ؟ ياق، ياق، رەسۇلۇللاھ كەتتى، ۋەھيى ئۈزۈلدى، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن

قەسەم قىلىمەنكى، قولۇمدا قىلىچ تۇتقۇدەك ماجالىم قالغانغا قەدەر ئۇلارغا قارشى جىھاد قىلىمەن، رەسۇلۇللاھقا بېرىپ كەلگەن بىرەر ئارغامچا چاغلىق نەرسە ئۈچۈنمۇ ئۇرۇشىمەن› دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىلدىمكى، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەندىنمۇ بەك كەسكىن، مەندىنمۇ بەك شىجائەتلىك زات ئىكەن».

تارىختىن بېرى ھەرقانداق بىر مىللەت شىجائەتلىك، غەيرەتلىك كىشىلەرنى ھۆرمەتلەپ كەلگەندەك، ئىسلام ئۈممىتى شىجائەتلىك ئۆلىمالىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ قالمىدى.



مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە يادلىنىپ، تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ ۋە ئىش - ئىزلىرى ئۈلگە قىلىنىپ كەلگەن ئۆلىمالار دەل ئاشۇنداق شىجائەتلىك، قەيسەر، غەيرەتلىك، جەسۇر ئۆلىمالاردۇر. ئەمما جەسۇر بولمىغان توخۇ يۈرەك ئۆلىمالارنىڭ ھېچقانداق نام - نىشانىسى قالمىغان. ھازىرغا قەدەر مىڭلىغان ئۆلىمالار چىققان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن قەلبلەردە ئورۇن ئالغانلىرى ئىنتايىن ئازدۇر. ئىمام ئەزەم، ئىمام ئەھمەد، ئىز ئىبنى ئابدۇسالام بۇلارنىڭ مىسالى. ئىمام ئەزەم خەلىپىنىڭ قازى بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ،

ئۆزگە يانتاياق قىلىشقا قارشى چىقىپ تۈرمىگە تاشلانمىغان بولسا، ئىمام ئەھمەد «قۇرئان مەخلۇق ئەمەس» دېگەن سۆزىدە چىڭ تۇرۇپ قاماقتا ئېلىنمىغان بولسا، ئىز ئىبنى ئابدۇسالام زالىم پادىشاھلارنىڭ ئالدىدا دادىل گەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەدىيەلىرىنى ۋە مەنسەپلىرىنى رەت قىلىپ يوقسۇل تۇرمۇشنى تاللىمىغان بولسا، ئەللامە مۇھەممەد غەززالىي ئابدۇنناسىرنىڭ ئالدىغا چىقىپ «ئاللاھتىن قورقمامسەن؟» دېگەن سۆزنى دادىل ئېيتىپ ئون يىل تۈرمىدە ياتمىغان بولسا، سەييىد قۇتۇب زالىمدىن ئەپۇ تىلىمەسلىك بەدىلىگە ئۆلۈمنى تاللىمىغان بولسا، ئۇلار قەلبلەردە بۈگۈنكىدەك يادلانماس ئىدى. بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىمىزدىمۇ بۇنداق شجائەتلىك ئۆلىمالار كۆپ ئۆتكەن. ھىجرىيە 611 - يىلى كۈچلۈك خاننىڭ خوتەندە ئىسلامدىن قايتۇرۇش ھەرىكىتىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قارشى چىقىپ، 3000 گە يېقىن ئالىم بىلەن بىللە شېھىت قىلىنغان ئىمام ئالائۇددىن خوتەنىي، يېقىنقى زامان تارىخىمىزدا بولسا ئۆز ئەدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ تۈرمىدە شېھىت



قىلىنغان مەرھۇم كەرەم قارىم قاتارلىق ئۆلىمالىرىمىز بۇنىڭ مىسالى. بىزنىڭ ئۇيغۇر ئىسلام تارىخىمىز بۇ زاتلارنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ياد ئېتىدۇ، ئۇلارنى ھېچ ئۇنتۇمايدۇ.

مىسىرلىق شائىر ئەھمەد شەۋقىي شجائەت ھەققىدە مۇنداق يازغان ئىكەن:

إن الشجاعة في القلوب كثيرة

ووجدت شجعان العقول قليلاَ

قەلبلەردە شجائەت كۆپتۇر،

ۋە لېكىن ئەقىلدە ئانچە يوقتۇر.

چۈنكى شجائەت قەلبدىلا بولۇپ ئەقىلدە بولمىسا، بۇنداق شجائەت ئادەمنى ھەرىكەتكە كەلتۈرەلمەيدۇ، نەتىجىدە ئىشقا يارىمايدۇ.

## ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ ھەقىقەتنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى كەسكىنلىكىدىن بەزى ئۆرنەكلەر

1. سالاھىددىن ئەييۇبى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەن بولۇپ، دەمەشق ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىل مىسىردا ھاكىملىق قىلىۋاتقان ئىنىسى نەجمىددىن ئەييۇب دېگەن كىشىگە قارشى سەلب ئارمىيەسى بىلەن بىرلىشىدۇ، ئىنىسى ئەييۇبنى يوقىتىپ بېرىش بەدىلىگە شام رايونىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس، تەبەرىيە، ئەسقەلان قاتارلىق جايلىرىنى ۋە مىسىرنىڭ بەزى شەھەرلىرىنى سەلب ئارمىيەسىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە كېلىشىدۇ. بۇ ئەھۋال مۇسۇلمانلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدۇ. شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام جۈمە خۇتبىسىدە نۇتۇق سۆزلەپ، شام ھاكىمى سالىھ ئىسمائىل كامىلنىڭ قىلمىشىنى

قاتتىق ئەيىبلەيدۇ ۋە مۇسۇلمانلارنى بۇ زۇلۇمغا قاراپ تۇرماسلىققا ئۈندەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن شام ھاكىمى ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاپ، زىندانغا تاشلايدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ سىياسىتىگە خىزمەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئارىدا ھاكىم زىندانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامغا: «سىزنىڭ بۇرۇنقى مەنسىپىڭىزگە قايتىشىڭىز ۋە تېخىمۇ چوڭ مەنسەپلەرگە يۈكسىلىشىڭىز ئۈچۈن بىرلا يول بار، ئۇ بولسىمۇ، ھاكىمغا بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشتۇر» دەيدۇ. ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام بۇ گەپكە قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە كەسكىن جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھېچكىمنى قولۇمنى سۆيگىلى قويمايمەن. ئەمدى قانداق بولۇپ باشقىلارنىڭ قولىنى سۆيىدىكەنمەن. ئى قەۋم سىلەر باشقا يولدا، مەن باشقا يولدا تۇرۇۋاتىمەن. ئاللاھقا شۈكۈركى، مېنى سىلەر مۇپتىلا بولغان سىناققا ئۇچراتماپتۇ».

2. ھېيت كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مىسىر ھاكىمى نەجمىددىن ئەييۇب قاھىرەدىكى چوڭ قەلئەگە چىقىپ، ئەسكەرلەرنىڭ مانېۋىرىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى، ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: «ئەي ئەييۇب! قىيامەت كۈنى ئاللاھ سەندىن ‹مەن ساڭا مىسىرنىڭ ھاكىمىيىتىنى ئاتا قىلسام، سەن ئۇ جايدا ھاراق سېتىشقا رۇخسەت قىلدىڭمۇ؟› دەپ سورىسا، سەن نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن؟» دەيدۇ. ھاكىم: «بۇ ئىش مەرھۇم دادامنىڭ زامانىسىدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەيدۇ.



شۇنىڭ بىلەن ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام ھاكىمغا دادىللىق بىلەن رەددىيە بېرىپ: « سىلەرمۇ خۇددى مۇشرىكلارغا ئوخشاش ئاتا - بوۋىلىرىمىز شۇنداق قىلاتتى، بىزمۇ ئۇلارغا ئەگىشىمىز دەۋاتىسىلەر» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاكىم مىسىردىكى ھاراق دۇكانلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاقاش توغرۇلۇق پەرمان چۈشۈرىدۇ. شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالامنىڭ تالىپلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا : «ھاكىمنىڭ ھەيۋىتىدىن قورقماي ئۇنىڭغا قارشى چىقتىلىغۇ؟» دېگەندە، ئۇ: «مەن ئاللاھنىڭ ھەيۋىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگەن ۋاقتىمدا، يەر يۈزىنىڭ ھەيۋەتلىك پادىشاھلىرى ماڭا ھېچ نەرسىچىلىك كۆرۈنمەيدۇ» دەيدۇ.



3. ھىجرىيەنىڭ 656 - يىلى ئۆز ۋاقتىدىكى ئىسلام پايتەختى باغداد چىڭگىزخاننىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مىسىردىن باشقا ئىسلام دىيارىنىڭ

هەممىسى چىڭگىزخاننىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولغان بولىدۇ. مىسىردا نەجمىددىن ئەييۇب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى تۇران شاھ ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي، سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، سەيفۇددىن قۇتۇز تەختكە چىقىدۇ ئۇ بارلىق ئۆلىمالارنى، ئەمىرلەرنى توپلاپ يىغىن ئاچىدۇ، يىغىندا چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل ئەسكەرلىرىگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى مەسلىھەت قىلىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن خەلقتىن ياردەم توپلاش قارار قىلىنىدۇ. ئەمما ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل - مال توغرۇلۇق گەپ - سۆز بولمايدۇ. شۇ چاغدا ئەللامە ئىز ئىبنى ئابدۇسالام خۇتبە سۆزلەپ، هاكىمنىڭ ۋە ئەمىرلەرنىڭ خەزىنىسىدىكى پۇل - ماللىرىنىمۇ ئىسلام ئەسكەرلىرىنى جابدۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىش لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مەنۋىيىتىنى كۆتۈرىدىغان، ئىمانىنى كۈچەيتىدىغان تەسىرلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ.



شۇنىڭ بىلەن هاكىم ۋە ئەمىرلەرمۇ ئادەتتىكى خەلققە ئوخشاشلا قول ئىلكىدە بار بولغان مال - دۇنيانى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىشقا سەرپ قىلىدۇ. نەتىجىدە، قۇتۇز ئەسكەرلىرى ئەينىجالۇت دېگەن جايدا چىڭگىزخاننىڭ موڭغۇل قوشۇنلىرىنى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىر چىڭگىزخاننىڭ ئىشغالىدىن ئامان قالىدۇ.



## ئىمام نەۋەۋىينىڭ شىجائىتىدىن ئۆرنەك

سۇلتان زاهىر بېبىرس مىسىردا موڭغۇللارنى يوقىتىپ دەمەشققا كەلگەندىن كېيىن، شامنىڭ ئەتراپىدىكى باغۇ - بوستانلارنىڭ هەممىسىنى دۆلەتكە تەۋە دەيدىغان قانۇن چىقىرىپ، بوستانلارنىڭ ئىگىلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ئىكەنلىكىگە دائىر ئىسپات خېتى تەييارلاشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇرۇنقى زامانلاردا هۆججەت، ئىسپات دەيدىغان نەرسە بولمىغانلىقتىن، ئۇلار بوستان ئىگىلىرىنىڭ قولىدا هېچقانداق ئىسپات خېتى يوقلىقىنى بايان قىلىپ، ئىمام نەۋەۋىينىڭ هۇزۇرىغا بارىدۇ. ئىمام نەۋەۋي سۇلتان زاهىر بېبىرسقا خەت يېزىپ خەلقنىڭ بۇنداق ئىسپات خېتى تەلەپ قىلىنىشىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى، خەلققە زىيان يەتكۈزۈش جائىز ئەمەسلىكىنى

بىلدۈرىدۇ. سۇلتان خەتنى ئوقۇپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ، ۋەزىرلىرىگە: «ئىمام نەۋەۋىينىڭ مائاشىنى توختىتىڭلار، مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاڭلار» دەپ پەرمان چۈشۈرىدۇ. ئۇلار سۇلتانغا: «ئىمام نەۋەۋىينىڭ مائاشى يوق، مەنسىپىمۇ يوق، بىر مەسجىدتە ھەدىس ئۆگىتىدىغان كىشى ئىكەن» دەپ دوكلات قىلىدۇ. بۇ ئارىدا ئىمام نەۋەۋىي سۇلتاننىڭ خەتكە جاۋاب بەرمىگىنىگە قاراپ، ئۆزى بارمىسا بولمايدىغانلىقىنى قارار قىلىدۇ ۋە سۇلتاننىڭ ھوزۇرىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. سۇلتان دەسلەپتە قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئىمام نەۋەۋىينى جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ، بىردىنلا كۆڭلى يۇمشاپ كېتىدۇ ۋە ئىمامنىڭ كەسكىن سۆزلىرى دىلىغا تەسىر قىلىدۇ. سۇنىڭ بىلەن بوستان ئىگىلىرى توغرۇلۇق چىقارغان قانۇننى بىكار قىلىۋېتىدۇ.



## ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ شىجائىتىدىن ئۆرنەك

بىر كۈنى مىسىر ھاكىمى مۇھەممەد ئەلى پاشانىڭ ئوغلى ئىبراھىم پاشا دەمەشقتىكى ئەمەۋىي مەسجىدىگە كىرىدۇ، مەسجىدتە ئەللامە سەئىد ھەلەبىي تالىپلارغا دەرس بېرىۋاتاتتى. ئىبراھىم پاشا ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ يېنىدىن ئۆتىدۇ، ئەمما ئۇ پۇتىنى سوزغان پېتى ئولتۇرۇپ دەرسىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئىبراھىم پاشا سىرتقا چىقىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ئىنتىقام ئالغۇسى كېلىدۇ. بۇ ئارىدا مۇناپىقلار «بىر ھاكىم مەسجىدكە كىرسە، ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بەرمەيدىغان قانداق موللا ئۇ؟ زادى ھەددىدىن ئېشىپتۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ، ئىبراھىم پاشانىڭ يارىسىغا تۇز چاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم پاشا چاپارمەنلىرىگە ئەللامە سەئىد ھەلەبىينى تۇتۇپ، پۇت - قوللىرىنى كىشەنلەپ ئېلىپ كېلىشكە پەرمان بېرىدۇ. ئەمما ئۇ ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قارارىدىن يانىدۇ. چۈنكى ئەگەر ھاكىم بىر ئالىمنى بىگۇناھ تۇتۇپ كەتسە، خەلق قوزغىلىپ كېتەتتى ۋە نۇرغۇنلىغان قالايمىقانچىلىق چىقاتتى. ئىبراھىم پاشا بۇلارنى ئويلاپ دەرھال چاپارمەنلىرىنى توختىتىدۇ. ئاندىن ئىمامدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن باشقىچە چارە قوللىنىش پىلانىغا كېلىپ، ئەللامە سەئىد ھەلەبىيگە مىڭ تىللا ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەللامە سەئىد ھەلەبىينى پۇل بىلەن ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈش ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن ئۇنى ئۆزىنىڭ دېيىنى چالىدىغان موللىغا ئايلاندۇرۇش، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى خەلقنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرۈشتىن ئىبارەت بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇشنى ئويلىغان ئىدى. ئۇ پۇل ئېلىپ بارىدىغان ئادەمگە تاپىلاپ: «سەن بۇ پۇلنى مەسجىدتە جامائەت ۋە تالىپلار ھەممىسى بار ۋاقتىدا، ئۇنلۇك ئاۋازدا ئېلان قىلىپ بەرگىن» دەيدۇ. دېگەندەك پۇلنى ئېلىپ بارغان كىشى ئەللامە سەئىد ھەلەبىينىڭ يېنىغا كېلىپ

ئۇنلۇك ئاۋازدا: «ئى ئىمام! بۇ مىلىڭ تىللانى ھاكىم سىلىگە ئەۋەتتى، ئۆزلىرى خىراجەت قىلغايلا» دەيدۇ. ئەللامە سەئىد ھەلەبىي پۇل ئېلىپ كەلگەن كىشىگە ئىچى ئاغرىغان كەيپىياتتا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئوغلۇم! بۇ پۇلنى خوجايىنىڭغا قايتۇرۇپ بەرگىن ۋە ئۇنىڭغا دەپ قويغىنكى، بۇ ئادەم پۇتىنى سۇنغان بىلەن، قولىنى سۇنمايدۇ».

## ئەللامە سەييىد قۇتۇبنىڭ شىجائىتىدىن ئۆرنەك

«فى زىلالىل قۇرئان» تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى ئەللامە سەييىد قۇتۇب شېھىت قىلىنىشتىن بۇرۇن بارلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى ئۆلىمالار ئۇنى ئابدۇنناسىردىن تىلىۋالماقچى بولۇپ، كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تىرىشچانلىقلار بىكارغا كېتىدۇ. مىسىردىكى ھەربىي مەھكىمە سەييىد قۇتۇبنىڭ جامال ئابدۇنناسىردىن ئەپۇ سورىسا، ئۇنى كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى ئەپۇ سوراشقا قىستىغاندا، سەييىد قۇتۇب قەتئىيلىك بىلەن: «نامازدا ئاللاھ تائالانىڭ بىر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدىغان بۇ بارماق تاغۇتنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلىپ ئېتىراپنامە يېزىشنى رەت قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن ئاللاھ تائالا بىلەن قىلىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشىمنى خاتا ئىكەن دەپ ئۆزرە ئېيتامدىم؟ مەن قانداقلارچە ئۇلاردىن رەھىم - شەپقەت تىلىگۈدەكمەن؟ مېنىڭ تۈرمىگە كىرىشىم ھەق بولغان بولسا، مەن ھەق تائالانىڭ بۇ ھۆكمىگە رازى، ئەگەر ناھەق تۈرمىگە ئېلىنغان بولسام، تاغۇتتىن شەپقەت سوراشتىن ئۇستۈنمەن».

**بىزگە مۇشۇنداق ئۆلىمالار كېرەك، مۇشۇنداق ئۆلىمالارلا مەڭگۈ ئۆلمەيدۇ!**



# كانادا پارلامېنتى كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئاتىدى



كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق ۋە تەرەققىيات كومىتېتى 2020 - يىلى 21 - ئۆكتەبىر بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قاراتقان باستۇرۇشلىرىنىڭ ب د ت ئىرقىي قىرغىنچىلىق كېلىشىمىگە ئاساسەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

مەزكۇر كومىتېت كانادا ھۆكۈمىتىنى ماگنىتىسكىي كىشىلىك ھوقۇق قانۇنىنى ئىشلىتىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىدا جاۋابكارلىقى بار خىتاي ئەمەلدارلىرىغا ئېمبارگو يۈرگۈزۈشكە چاقىردى.

مەزكۇر كومىتېت چارشەنبە كۈنى ئېلان قىلغان بۇ ھەقتىكى باياناتتا: «تۆۋەن كومىتېت شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كەسكىن ئەيىبلەيدۇ. تۆۋەن كومىتېتنىڭ 2018 - ۋە 2020 - يىللىرىدىكى گۇۋاھلىق يىغىنلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسەن، تۆۋەن كومىتېت خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەھدىنامىسىدىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدە بىرلىككە كەلدى» دېيىلگەن.

**باياناتتا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:**

«2017 - يىلىدىن باشلاپ، خىتاينىڭ شىنجاڭدىكى رەھىمسىز مۇستەملىكىچىلىك ھەرىكىتى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىشغالىيىتى دائىرىسىدە ئۈچ مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز ۋە باشقا تۈرك ئىرقىدىن بولغانلار جازا لاگېرلىرى، تۈرمىلەر ۋە مەجبۇرىي ئەمگەك لاگېرلىرىغا قامالدى. يۈزمىڭلىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىنىۋېتىلدى. 500 مىڭغا يېقىن ئۇيغۇر بالىلىرى ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىۋېتىلدى».

كانادا پارلامېنتى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق تۆۋەن كومىتېتىنىڭ قارارىدا ئىككى نۇقتا ئالاھىدە دىققەت قوزغىغان. ئۇنىڭدا «شەرقىي تۈركىستان» ۋە «شىنجاڭ» دېگەن ئىسىم تىرناق ئىچىدە تەڭ ئىشلىتىلگەن. شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى «قايتا تەربىيەلەش مەركەزلىرى» دەپ كەلگەن ئورۇنلار «جازا لاگېرلىرى» دەپ ئاتالغان. قارارىدا يەنە كانادانى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرىكىتىنى تەنقىد قىلىپلا قالماي، ئۇنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكىللەندۈرىدۇ» دەپ ئېتىراپ قىلىشقا، ئىتتىپاقداشلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، خەلقئارا كۆزەتكۈچىلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرىلغان.





# خىتاينىڭ تۇتقۇن ھەرىكىتى مىڭلىغان ئۇيغۇر بالىنى ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىدى

تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، شىنجاڭ (شەرقىي تۈركىستان، تۆۋەندە بىردەك شۇنداق ئېلىندى - تەرجىماندىن) ھۆججەتلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئىجتىمائىي كونترول ئىستراتېگىيەسىنى ئاشكارىلىدى.

*لىلى كۇۋو، مۇھاپىزەتچى تورى*

2020 - يىلى 16 - ئۆكتەبىر

شەرقىي تۈركىستاندىكى ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدىن ئېرىشكەن ئىسپاتلارغا ئاساسلانغاندا، مىڭلىغان ئۇيغۇر بالا ئانىسى ياكى دادىسى خىتاي يىغىۋېلىش لاگېرلىرىغا مەجبۇرىي قامالغانلىقى سەۋەبلىك ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى دائىرىلەر تەرىپىدىن توپلانغان ۋە تەتقىقاتچى ئادرىئان زېنز تەرىپىدىن ئانالىز قىلىنغان ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، 2018 - يىلى يەكەن ناھىيەسىدە كۆپىنچىسى ئۇيغۇرلاردىن تەشكىل تاپقان 9500 دىن ئارتۇق بالا ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر ياكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ قاماپ قويۇلغانلىقىغا ئاساسەن «يەككە قىيىنچىلىق» ياكى «قوش قىيىنچىلىق» دەپ سىنىپقا ئايرىلغان.

بۇ ھۆججەتلەر 2019 - يىلى يازدا يەرلىك دائىرىلەر تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدىغان بىر توردىن چۈشۈرۈۋېلىنغان ماتېرىياللارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇلاردا كۆرسىتىلىشىچە، بارلىق بالىلارنىڭ ئاز دېگەندە ئاتا - ئانىسىدىن

بىرى تۇرمىگە قامالغان، تۇتۇپ تۇرۇلغان ياكى «قايتا تەربىيەلەش» مەركىزىگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ تىزىملىكتە بىرمۇ خىتاي بالىنىڭ ئىسمى يوق.

زېنىز مۇنداق دېدى: «بېيجىڭنىڭ شىنجاڭدىكى مۇقىمسىز ئاز سانلىقلارنى تىنچىتىش ئىستراتېگىيەسى يىغىۋېلىشتىن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجتىمائىي كونترول مېخانىزمىغا قاراپ يۆتكەلمەكتە. بۇ ئۇرۇنۇشنىڭ بېشىدا كېيىنكى بىر ئەۋلادنىڭ قەلبى ۋە زېھنى ئۈستىدىكى بىر جەڭ بار».



دائىرىلەرنىڭ يىراق غەربىي شىمالدىكى بۇ زېمىندا بىر مىليوندىن ئارتۇق (بۇ ئىككى يىل بۇرۇن ئېلان قىلىنغان سان، ئەمەلىيەتتە بۇنىڭدىن خېلىلا كۆپ - ت) مۇسۇلماننى قايتا تەربىيەلەش ياكى باشقا تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تەتقىقاتچىلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق پائالىيەتچىلىرى بۇنى يەرلىك مەدەنىيەتنى يوقىتىش ۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىنى باستۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بىر ھەرىكەتنىڭ بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. خىتاي دائىرىلىرى ئۆز سىياسەتلىرىنى نامراتلىقنى يوقىتىش ۋە تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش نامى بىلەن ئاقلايدۇ.

بالىلار ئادەتتە دارىلئېتاملارغا ياكى قاتتىق ئامانلىق تەدبىرلىرى قوللىنىلغان ياتاقلىق مەكتەپلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ، ئۇ يەرلەردە ئوقۇغۇچىلار يېقىندىن نازارەت قىلىنىدۇ، بارلىق دەرسلەر ۋە ئۆز - ئارا ئالاقە ئۇلارنىڭ ئانا تىلى بولغان ئۇيغۇرچىنىڭ ئورنىغا خىتاي تىلىدا بولۇشى كېرەك.

**زېنزنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، 2019 – يىلىدىن ئېتىبارەن جەمئىي 880 مىڭ 500 بالا (باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ياتاقلىق ئورۇنلاردا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، خىتاينىڭ تۇتۇپ تۇرۇش سىستېمىسىنى كېڭەيتىشى بىلەن 2017 - يىلىدىكىدىن 76% ئاشقان.**

يىغىۋېلىشنىڭ بالىلارغا ۋە ئائىلە قۇرۇلمىسىغا بولغان تەسىرى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بارغانسېرى كۈچلۈك تەنقىدكە ئۇچراۋاتقان سىياسەتلىرىنىڭ نەزەردىن ساقىت قىلىنغان بىر تەرىپى. خىتاي سىرتىدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ ئېيتقانلىرى مۇتەخەسسىسلەر ئېيتقان سىستېمىلىق ئائىلىلەرنى ئايرىۋېتىش سىياسىتىنى ئىسپاتلىدى.

زېنزنىڭ ماقالىسىنى تۇنجى بولۇپ ئېلان قىلغان «ئىقتىسادشۇناس» ژۇرنىلىغا ئاساسلانغاندا، ئەگەر يەكەن ناھىيەسىنىڭ مەلۇماتلىرىنى پۇتكۇل رايونغا قىياسلىغاندا 15 ياشتىن تۆۋەن، ئاتا - ئانىسىنىڭ بىرى ياكى ھەر ئىككىلىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ سانى 250 مىڭغا يېتىدۇ.



زىنى ئېرىشكەن ۋە تەھلىل قىلغان باشقا ماتېرىياللار دارىلئېتامدىكى بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي ئاشكارىلىغان. ئون ياشتىن تۆۋەن، ئاتا - ئانىسى يىغىۋېلىش مەركىزىگە قامالغان 85 كىشىلىك «قوش قىيىنچىلىق» ئوقۇغۇچىلار تىزىملىكىدە يەكەن دارىلئېتامدا تۇرۇۋاتقان بىر ياشلىق بىر بالا بار. باشقا بىر ئائىلىدە ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بىلەن يەتتە ياشلىق بىر قىز بىر دارىلئېتامدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى «قايتا تەربىيەلەش» مەركىزىدە.

**يېقىنقى يىللاردا شەرقىي تۈركىستاندىكى مائارىپ سىلىنمىسى بىخەتەرلىك سىلىنمىسىدىن ئېشىپ كەتكەن، چۈنكى مەكتەپلەر ھۆكۈمەتنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇش ئېھتىماللىقىنى يوقىتىشتىكى ھالقىلىق ئالدىنقى سەپكە ئايلانغان. مەكتەپلەرگە ئاساسەن كۆپ قاتلاملىق ھۇجۇمدىن مۇداپىئەلىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك نازارەت قىلىش، توكلۇق رىشاتكا ۋە ئېلېكترونلۇق چارلاش سىستېمىلىرى ئورنىتىلغان.**

شەرقىي تۈركىستاندىكى دەپسەندىچىلىكلەر ھەققىدىكى تەنقىدلەر كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىشكە دائىر يېڭى دوكلاتلار بېيجىڭ دائىرىلىرىنىڭ ئىستىراتېگىيەسىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ ئالدىنقى ئاينىڭ ئاخىرىدا قىلغان سۆزىدە، بۇ رايوننى باشقۇرۇش ئىستىراتېگىيەسىنىڭ «مۇتلەق توغرا» ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇ مۇنداق دېدى: «ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى ئېرىشىش، خۇشاللىق ۋە بىخەتەرلىك تۇيغۇسى داۋاملىق ئاشتى».

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى جاۋ لىجيەن بۇ دوكلاتقا جاۋابەن زىنىنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ «يالالنما قورالى» دەپ ئاتىدى.

ئۇ جۇمە كۈنى ئۆتكۈزۈلگەن قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا مۇنداق دېدى: «بىز شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق، مىللەت ۋە دىن مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم ئېيتتۇق. بۇ ئاتالمىش مۇسۇلمانلارنى باستۇرۇش ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلەر خىتايغا قارشى كۈچلەر خىتايغا بىسىم قىلىش ئۈچۈن تېپىپ چىققان سەزگۈر تېما».

# ئىلى دەرياسىدىن خىتاينىڭ جىنايەتلىرى ھەققىدىكى ئىسپاتلار ئېقىپ كەلدى



ئۆز خەۋىرىمىز: قازاقىستاندىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان دىنغا قارشى جىنايىتىگە ئالاقىدار ئىسپاتلار ئىلى دەرياسى ئارقىلىق تاشقى دۇنياغا يېتىپ كەلگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، قازاقىستاننىڭ ياركەنت شەھىرىگە تەۋە بىر مەھەللىدىكى دەرياغا بىر نەچچە قۇرئان كەرىم ۋە دىنىي كىتابلار ئېقىپ كەلگەن بولۇپ، بۇلارنى يەرلىك پۇقرالار سۈزۈۋالغان.

سۈزۈۋالغۇچىلارنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، مەزكۇر دەريا سۈيى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىلى دەرياسىدىن ئېقىپ كېلىدىغان بولۇپ، بۇ كىتابلارنى ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تاشلىۋەتكەن بولۇش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن كۈچلۈك ئىكەن. كىتابلار سۇ ئۆتۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بىر نەچچە قات پىلاستىك خالتىغا ئوراپ قاچىلانغان بولۇپ، ئېغىزى چىڭ بوغۇۋېتىلگەن، ئارقىدىن يەنە يەشىككە قاچىلىنىپ دەرياغا تاشلىۋېتىلگەن.

كىتابلارنى سۈزۈۋالغانلار بۇ كىتابلارنى جامائەتنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مەسچىتكە تەقدىم قىلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.

خىتاي 2014 - يىلىدىن تارتىپ ئىسلام دىنىنى پۈتۈنلەي چەكلەشتىن ئىبارەت رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆيلىرىنى ئاقتۇرۇپ، دىنىي كىتاب ساقلىغانلارنى لاگېرلارغا قامىغان، ھەتتا سەككىز يىلدىن 15 يىلغىچە كېسىۋەتكەن ئىدى. شۇنداقلا قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنىي كىتابلارنى، جاينامازلارنى كۆيدۈرگەن ئىدى.

كۆزەتكۈچىلەر بۇندىن بۇرۇن جازا لاگېرىدىن قۇتۇلۇپ چىققان بىر نەچچە پىدائىي كىشىلەرنىڭ خىتاينىڭ جىنايەتلىرىگە گۇۋاھلىق بەرگەنلىكىنى، ئىلى دەرياسىدىن قازاقىستانغا ئېقىپ كىرگەن قۇرئان كەرىمنىڭ بولسا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دىنغا قارشى جىنايەتلىرى ۋە باستۇرۇشلىرىنىڭ يەنە بىر كۈچلۈك ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.



# ب د ت دا ئۇيغۇرلارنى قوللىغان دۆلەتلەر 39 غا يەتتى

خىتاي ئۇيغۇرلارغا قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشلىغاندىن بۇيان، ب د ت دا ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتاينى تەنقىد قىلغان دۆلەت 39 غا يەتتى. 6 - ئۆكتەبىر گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق 39 دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى باستۇرۇش قىلمىشىنى ۋە خوڭكوڭدىكى سىياسەتلىرىنى تەنقىد قىلدى.

گېرمانىيەنىڭ ب د ت دا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى كىرىستوف خۇسگېن سەيشەنبە كۈنى ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كومىتېتىدا 39 دۆلەتتىن تەشكىل تاپقان گۇرۇپپىغا ۋاكالىتەن ئېلان قىلغان باياناتتا مۇنداق دېدى: «كەڭ كۆلەمدە نازارەت قىلىش ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى داۋاملىق نىشان قىلماقتا. مەجبۇري ئەمگەك ۋە مەجبۇري تۇغماس قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەجبۇرلاش خاراكتېرلىك تۇغۇت چەكلەش تۇغرىسىدا تېخىمۇ كۆپ دوكلاتلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا».

**بۇ 39 دۆلەت ئالبانىيە، ئاۋستىرالىيە، ئاۋستىرىيە، بېلگىيە، بوسنىيە ۋە گېرتسېگوۋىنا، بۇلغارىيە، كانادا، كىرودىيە، دانىيە، ئېستونىيە، فىنلاندىيە، فىرانسىيە، ھايتى، گوندۇراس، ئىسلاندىيە، ئىرېلاندىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، لاتۋىيە، لىچتېنشتېين، لىتۋا، لىيۇكسېمبۇرگ، مارشال تاقىم ئاراللىرى، موناكو، نائۇرۇ، گوللاندىيە، يېڭى زېلاندىيە، شىمالىي ماكېدونىيە، نورۋېگىيە، پالاۋ، پولشا، سلوۋاكىيە، سلوۋېنىيە، ئىسپانىيە، شۋېتسىيە، شۋېيتسارىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا ۋە گېرمانىيەدىن ئىبارەت.**

بىرلەشمە باياناتتا مۇنداق دېيىلدى: «2020 - يىلى 6 - ئايدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ ئالاھىدە مېخانىزمىدىن كەلگەن 50 مۇتەخەسسىس

بىرلىكتە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش خېتى ئېلان قىلىپ، خىتاينى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىردى. بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا قاتتىق ئەندىشە قىلماقتىمىز. بىز خىتاينى كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلىشقا، بولۇپمۇ شىنجاڭ ۋە شىزاڭدىكى دىنىي ئېتىقادنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىنى ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرىمىز. شىنجاڭدا بىر غايەت زور‹سىياسىي قايتا تەربىيەلەش›لاگېرلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئەندىشە قىلىمىز. ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم خالىغانچە قولغا ئېلىنىدى. بىز كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئېغىر دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتلارنى كۆپلەپ كۆرۈۋاتىمىز. دىن ياكى ئېتىقاد ئەركىنلىكى، ھەرىكەت ئەركىنلىكى، ئۇيۇشۇش ۋە پىكىر ئەركىنلىكى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ھەممىسى قاتتىق چەكلەنگەن. ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىقلارغا قارىتىلغان چېكىدىن ئاشقان كەڭ كۆلەملىك نازارەت قىلىش داۋاملاشماقتا. مەجبۇري ئەمگەك ۋە تۇغماس قىلىۋېتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەجبۇري تۇغۇت چەكلەشكە دائىر بارغانسېرى كۆپ خەۋەرلەر ئوتتۇرىغا چىقماقتا».

2019-يىلى ئىيۇلدا غەرب ئەللىرى ۋە ياپونىيەدىن تەشكىل تاپقان 22 دۆلەت ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىدە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلىپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى كەڭ كۆلەمدە قامىغانلىقىنى تەنقىد قىلغان ۋە يىغىۋېلىش لاگېرلىرىنىڭ تاقىلىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتا رۇسىيە، ئىران باشچىلىقىدىكى 50 دىن ئارتۇق دۆلەت خىتاينىڭ ئۇيغۇر سىياسىتىنى قوللاپ بايانات ئېلان قىلغان، بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئەرەب دۆلىتى، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكا دۆلەتلىرى بار ئىدى.

خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق شەكىللەندۈرىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان، ئامېرىكىدا ئارقا - ئارقىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشىنى ھەققىدە قانۇن ماقۇللانغان بىر پەيتتە، ب د ت مۇنبىرىدە ئۇيغۇرلارنى قوللاپ، خىتاينى تەنقىد قىلغان دۆلەت سانىنىڭ ئېشىشى دىققەت قوزغىدى ۋە ئۇيغۇرلارنى مەمنۇن قىلدى.






## تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى:

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىدىن ئەندىشە قىلىۋاتىمىز

تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ ئورگان تور بېتىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە ب د ت 75 - نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 3 - كومىتېت يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى يىغىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇشلىرىنى ئەندىشىدە ئىچىدە كۆزىتىۋاتقانلىقىنى، ب د ت نىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان باستۇرۇش سىياسىتىنى تېخىمۇ تەپسىلىي ئېنىقلاپ چىقىپ خىتايغا كۈچلۈك بېسىم قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس ئۆمەك تەشكىللەپ، ئۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىنى تەكشۈرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

بۇ تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان سۈكۈتىنى بۇزۇشى بولۇپ، تاراتقۇلاردا كۈچلۈك دىققەت قوزغىغان.

ئالدىنقى ھەپتە ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسىنىڭ باياناتچىسى ئۆمەر چەلىك مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە ئۇيغۇر مەسىلىسىنى تىلغا ئالغان ۋە خىتاي بىلەن ئۇيغۇر مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەشكەنلىكىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا خىتاي دائىرىلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشقا چاقىرغان ئىدى.




# ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە قىشلىق ئولىمپىكنى بايقۇت قىلىشنى ئويلاشماقتا

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ خىتايدا ئۆتكۈزۈلۈشىنى بايقۇت قىلىشنى ئويلاشماقتا ئىكەن.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى پارلامېنت يىغىنىدا خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيەدە بولۇشقا چاقىرىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار ۋەزىرى دومىنىك رابمۇ سەيشەنبە كۈنى ئەنگلىيەنىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى بايقۇت قىلىشى مۇمكىنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى سىكوت كېڭەش پالاتاسى تاشقى ئىشلار كومىتېتىغا چاقىرىق قىلىپ، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى خىتاينىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈشىگە يول قويماسلىققا چاقىرىش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

ئەنگلىيە كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى دانكىن سىمىس (Sir Iain Duncan Smith) چارشەنبە ئۆتكۈزۈلگەن پارلامېنت مۇنازىرىسىدە باشلامچى بولۇپ، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى خىتايغا قارشى تېخىمۇ قاتتىق پوزىتسىيەدە بولۇشقا چاقىرغان.

مۇنازىرە جەريانىدا كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىنىڭ سابىق رەھبىرى تىبەتلەرنى تور ئارقىلىق زىيارەت قىلىش قانۇنىنىڭ ماقۇللىنىشىنى تەلەپ قىلىپ، خىتاي ئەمەلدارلىرىغا جازا يۈرگۈزۈش

مۇمكىنچىلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ يەنە ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنى 2022 - يىلى خىتايدا ئۆتكۈزۈلىدىغان قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قارىتا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە چاقىرغان.

**مەلۇم بولۇشىچە، بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئەنگلىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى دومىنىك راب پارلامېنتتا: «ئەگەر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا ئائىت تېخىمۇ كۆپ پاكىتلار ئىسپاتلىنىپ چىقسا، ئەنگلىيە 2022 - يىللىق بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشالماسلىقى مۇمكىن» دېگەن.**

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى رىك سىكوتRick Scott كېڭەش پالاتاسىنىڭ تاشقى مۇناسىۋەتلەر كومىتېتىنى قارار چىقىرىپ، خەلقئارا ئولىمپىك كومىتېتىنى ئۇيغۇرلارغا يۈرگۈزۈۋاتقان كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىنى سەۋەب قىلىپ، خىتاينىڭ 2022 - يىللىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ئۆتكۈزۈشكە يول قويماسلىققا چاقىرىپ بىر پارچە مەكتۇپ يازغان بولۇپ، مەكتۇپتا: «ئەگەر شى جىنپىڭ قىلچە ئاقىلغىلى بولمايدىغان بۇ يولدا داۋاملىق چىڭ تۇرسا، خىتاي كومپارتىيەسى 2022 - يىللىق قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە ساھىبخانلىق قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمەسلىكى كېرەك» دېگەن.




بۈگۈن خىتاينىڭ جازا لاگىرىدىكى
قېرىنداشلىرىڭىز ئۈچۈن قىلغان
سۈكۈتىڭىز، ئەتە ئۆمۈرلۈك پۇشايمىنىڭىز
بوپ قالمىسۇن!

# مەنبەلەر

https://turkistantimes.com/uy/news-13648.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13737.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13648.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13711.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13752.html
https://turkistantimes.com/uy/news-13635.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/2569
https://turkistantimes.com/uy/news-13674.html
http://istiqlalhaber.com/page/news/2580
http://istiqlalhaber.com/page/allah/2583

# ئستقلال ئاۋازى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بويامچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | **ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق** |
| تەھرىر | **يۈسۈپجان قۇرۇم** |
| لايىھىلىگۈچى | **ئۆركەش** |
| بەتچىك | **ئىرشات سەرھان** |
| ھەجۋى رەسىم | **ئىرشات سەرھان** |
| نەشىر قىلغۇچى ئورۇن | **شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى** |
| نەشىر تۈرى | **ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى** |
| ئادرېس | **Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL** |

**info@turkistanmedia.com**
**www.istiqlalhaber.com**
**+90 212 540 31 15**
**+90 553 895 19 33**
**+90 541 797 77 00**